گۈلباھار ئەخمەت

# كۆك بۇلاق



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

گۈلباھار ئەخمەت

# گۈل بۇلاق

(رومان)

藏书专用章

مىللەتلەر نەشرىياتى

تەكلىپلىك تەھرىر : ئەركىن نۇر
مەسئۇل مۇھەررىرلەر
مەسئۇل كوررېكتور : ئايتىللا ھەبىبۇللا
مۇھەممەتجان ھەسەن

گۈلباھار ئەخمەت

# كۆك بۇلاق

(رومان)

| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ |
| پوچتا نومۇرى | : | 100013 |
| تېلېفون نومۇرى | : | 010—6429086 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2013 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2013 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 880×1230م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 11.25 |
| باھاسى | : | 28.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-12723-8/I • 2424（维 361）

特约编辑　：艾尔肯·努尔
责任编辑　：阿依吐拉·艾比布力
责任校对　　买买提江·艾山

图书在版编目(CIP)数据

清泉：维吾尔文 / 古丽巴哈尔·艾合麦提著. --
北京 ：民族出版社，2013.5
ISBN 978-7-105-12723-8
Ⅰ.①清... Ⅱ. ①古... Ⅲ.①长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 077121 号

出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京市迪鑫印刷厂
版　　次：2013 年 6 月第 1 版　2013 年 6 月第 1 次印刷
开　　本：880×1230毫米 32 开
印　　张：11.25
定　　价：28.00 元

ISBN 978-7-105-12723-8/I·2424（维361）

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب ........................................ 8
ئۈچىنچى باب ........................................ 18
تۆتىنچى باب ........................................ 29
بەشىنچى باب ........................................ 45
ئالتىنچى باب ........................................ 59
يەتتىنچى باب ........................................ 72
سەككىزىنچى باب ........................................ 82
توققۇزىنچى باب ........................................ 94
ئونىنچى باب ........................................ 109
ئون بىرىنچى باب ........................................ 127
ئون ئىككىنچى باب ........................................ 147
ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 178
ئون تۆتىنچى باب ........................................ 194
ئون بەشىنچى باب ........................................ 221
ئون ئالتىنچى باب ........................................ 251
ئون يەتتىنچى باب ........................................ 319
ئون سەككىزىنچى باب ........................................ 343
خاتىمە ........................................ 352


试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com

# بىرىنچى باب

كۈل رەڭ ئاسمانىنىڭ سۇرى باسقىنىدا، زېمىنىنىڭ قەھرى تۇتقاندەك ھېلىلا تېخى يوپيورۇق ئاسمان تۇيۇقسىز قارىداپ گوياكى غايەت زور غالىب كۈچ كائىناتنى كۆيدۈرۈپ ئىس - تۈتەككە تولدۇرۇۋەتكەندەك، جىمجىت، سىرلىق، ۋەھىمىلىك تۈس ئالدى.

نىھايەت، پاتاي دەپ قالغان قىزغۇچ قۇياش ئىنسان روھىنىڭ يۇمىلاق خەرىتىسىدەك قىزاردى.

سەئىدە قىزىل كۆڭلەكنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئۇ بۇ ئوتقاشتەك كۆڭلەكنى ئۈچىسىدىن سالماي كىيىۋالاتتى. تولىمۇ كەڭ ھەم ئۇزۇن تىكىلگەن بۇ كۆڭلەكنىڭ پەشلىرىگە، يەڭلىرىگە ئۇششاق قارا رەڭلىك گۈللەر كەشتىلەنگەنىدى.

سەئىدە تولىمۇ چىرايلىق ھەم يۇمران چوڭ بولدى. ئۇنىڭ ئاشۇ گۈزەللىكى خۇددى بىر سىردەك، ئاجايىپ ئۆزگىچە ئىدىكى، باشقىلارغا ئەسلا ئوخشىمايتتى. قېلىن ئورالغان كىتابلارنى كۆتۈرۈپ ماڭغان سەئىدەنىڭ سەل - پەل ئېسىلىپ، قىزىرىپ قالغان يۈزىدىن، بۇ كىتابلارنىڭ خېلىلا ئېغىر ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بوغچىسىنى بىردەم مەيدىسىگە تېڭىپ كۆتۈرسە، بىردەم قولتۇقىغا قىسىۋالاتتى.

ئۈچىسىغا قاپقارا ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغان، ئاتمىش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان موماي نەچچە يېرى تېشىلىپ كەتكەن زىغىررەڭ تاغارنى ئۆشنىسىگە ئارتىۋالغان بولۇپ، تاغارنى پات - پات ئۈستىگە لىككىدە كۆتۈرۈپ قويۇپ ئاستا ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشاڭغىراپ قالغانىدى.

يانمۇيان مېڭىپ كېتىۋاتقان بۇ ئىككىيلەن بىر - بىرىگە گەپ - سۆزمۇ قىلىشمىدى. سەئىدە ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرى-

نى ئاسمانغا تىكتى.

پاتاي دەپ قالغان قىزغۇچ قۇياش ئىچىدىن يوگورۇپ چىـ-
قىشقا تەمشىلىۋاتقان، ئەمما چىقالمايۋاتقان بىر كۆل رەڭ ئۆچكى-
نىڭ سىماسى كۆرۈنگەندەك بولدى ـ دە، قوشۇمىسىنى چىڭ تۈ-
رۈپ، قىزغۇچ شارغا ــ پاتاي دەپ قالغان قۇياشقا قايتىدىن سەپ-
سالدى. ئۇ كۆزىنى چىمچىقلاتقىنىچە بىر ئەمەس، سان ـ ساناق-
سىز كۆل رەڭ ئۆچكىلەرنىڭ شار سىرتىغا قاراپ چىپىۋاتقانلىقى-
نى كۆردى. كۆزىدە قىزىللىق قىتىپ قالغاندەك، كۆز ئالدى قى-
زىل بىر دۇنياغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە قىزىل كۆرۈ-
نىۋاتاتتى.

تۇيۇقسىز پاراسلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ چىچىغا
«گۇپپىدە» ئوت كەتكەندەك بولۇپ، قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ
كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ قايتا ئاچتى، كۆز ئالدىدا قارا ھەم كۆل
رەڭ بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇ ئەندىككىنىچە بىر قولىدا بېشى-
نى قاماللىدى. قىزىل شارپىسى يوق بولۇپ، قولىغا يۇمشاق
چاچلار ئۇرۇلدى. ئۇ بوينىنى سىلىدى، يەرگە قارىدى، شارپا كۆ-
رۈنمەيتتى. ئېسىنى بىلگەندىن بېرى چاچلىرى مۇنداق يەلپۈنۈپ،
ئۇچۇپ باققان ئەمەس، بۇ تۇنجى قېتىمى ئىدى. سەئىدەنىڭ چا-
ناقلىرىغا تامچىلار چېكىلدى. ئۇ ياش بىلەن يالتىراپ، تېخىمۇ
پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرىنى بوشلۇققا تىكتى. ئۆزىدىن نەچچە
ھەسسە ئېگىز بىر قىزنىڭ ئۆزىگە كۈلۈپ، تىكىلىپ تۇرغىنىنى
كۆرۈپ كەينىگە داجىدى. قىز بارغانسېرى كىچىكلەپ سەئىدەچى-
لىك بولدى. ئۇ سەئىدەدىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئۇنىڭغا قانداقتۇر
بىرخىل چۈشىنىكسىز نەزەردە تىكىلگەنىدى. سەئىدە قورققىنى-
دىن چىرقىرىۋەتتى، ئەمما ئاۋازى چىقمىدى. قىز ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدا پىرقىرايتتى، گاھ ئېگىزگە ئۇچاتتى، گاھ پەسكە شۇڭ-
غۇيتتى. سەئىدە ئۆزىگە ئوخشاش قىزىل ئوتقاشتەك كۆڭلەك
كىيگەن، تەنلىرىدىن خۇشبۇي ھىد تارقىلىۋاتقان، ئۇزۇن بۇدۇر
چاچلىرى يەر تامان سۆرۈلۈپ قالغان... ئاجايىپ سېھىرلىك بۇ

گۈزەل قىزغا قاراپ، ئۇنىڭ زادى قانداق مەنىدىكى مەۋجۇتلۇق
ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى.

شۇ چاغدا سەئىدەنىڭ كۆز ئالدىدىن غىل - پال بىر نەرسە
ئۆتكەندەك بولۇپ، بېشىنى سىلكىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاپئاق
لىباس كىيگەن، ئاپئاق ساقىلى يۇزىنى سەل - پەل سوزۇنچاق
كۆرسىتىۋاتقان، چوڭقۇر كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر نۇر بالقىۋاتقان
بوۋىسى كۆرۈنگەندەك بولدى.

سەئىدەنىڭ چىرايى سارغىيىپ، بەدەنلىرى جالاقشىپ تىتى-
رىدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، كۆزىگە بىر قاپقارا پەردە تارتى-
لىپ قالغاندەك ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئۇ چوڭقۇر بىر تىنىۋەت-
كەندىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ دەقىقە ئىچىدىكى بەدىنى
كۆيۈشۈۋاتقاندەك، ھەتتا كۇلگە ئايلىنىپ كەتكەندەك، بەدەنلىرى
ئېرىپ يوقاپ كېتىۋاتقاندەك، گۆشلىرى پىژىلداپ كۆيۈپ، قانلى-
رى ۋاراقشىپ قايناپ، تومۇرلىرىدىن ئېتىلىپ چىققاندەك...
شورلۇق سېزىملىرى نەلەرگىدۇر غايىب بولۇپ، ئازراقمۇ ئىزناسى
قالمىغاندەك ئەركىن ھەم يەڭگىل بولۇپ قالدى. ئەمما، ئانىسى
تىكىپ بەرگەن، بوۋىسى تۇنجى قېتىم ئۆز قولى بىلەن چىگىپ
قويغان رومالى يوقاپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا گويا ئۇ-
نىڭ بېشىمۇ تەڭ يوقاپ كەتكەندەك، ھەممە يېرى ئېچىلىپ قال-
غاندەك تۇيۇلدى. «غىچ» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسى سۇ-
نۇپ كەتكەندەك ئاغرىدى. ئىككى كۆكرىكىنىڭ ئوتتۇرىسى قاتتىق
بىر زىڭىلداپ توختاپ قالدى. ئۇ تۇتۇپ باقماقچى بولۇپ، قولىنى
كۆتۈردى - يۇ، مەيدىسى تۇز سىزىق بويىچە يېرىلىپ، بىر ئېرىق-
چە ھاسىل بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، تۇتۇپ بېقىشقا جۈرئەت
قىلالمىدى.

بۇنىڭ قانداق ئىشلارنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى-
دەك شۈبھە بىلەن ئۇياق - بۇياققا قاراۋاتقان سەئىدە مومىسىنىڭ
ئىزىدا توختاپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئەندىكىپ كەتتى. مومىسىنىڭ
بېشىدىكى رومىلىنى سوراپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئىزىدا تېپىر-

لىدى. موماي نەۋرىسىگە قاراپ، سولغۇن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرت-
تى - دە، تاغارنى يەرگە قويۇپ، لېچەكنى قايتىدىن ئوڭشاپ،
قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن ئاسمانغا شۇنداقلا بىر قارىۋەتكەندىن كې-
يىن سەئىدەگە:
— سەئىدە، قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ بەكلا كەچ كىرىپ كەتتى،
ئازراق بىر نەرسە يەۋالايلى، — دېدى.
— ھىم...
— بۈگۈن كېچە مۇشۇ يەردە ئۇخلاپ، ئەتە داۋامىنى ماڭار-
مىز، ئەگەر خەيرلىك بولساق...
سەئىدە مومىسىنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلىۋېتىپمۇ بېشىغا سەپ-
سالمىغىنىغا بىردە ھەيران بولسا، بىردە ئازراق خۇشمۇ بولۇپ
قالدى. مومىسىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ دىققى-
تىنى تارتماسلىق ئۈچۈن گەپ قىلمىدى.
ئەتراپتا بىرەر جانلىق كۆرۈنمەيتتى. موماي ئەتراپقا ئىت-
تىك - ئىتتىك قاراپ، بىرەر توپ دەرەخ چاغلىق پاناھ جاي ئىز-
دىدى. شۇ دەقىقىدە سەئىدەنىڭ كۆزىگە كۈن پېتىش تەرەپتىن
غۇۋا چەمبەرسىمان غوللۇق ئوت كۆرۈندى ۋە ئۇن - تىنسىز شۇ
تەرەپكە قاراپ ماڭدى. موماي نەۋرىسىگە ئەگىشىپ، يەنە تاغارنى
ئۈشنىسىگە ئارتتى. ھەئە، سەئىدەنىڭ كۆرگىنى جاڭگالدا ئۆسى-
دىغان بىرخىل «كۆۋرۈك» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈك ئىدى. ئۇ-
نى ئۆسۈملۈك دېگەندىن كۆرە، دەرەخ دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئىشقى-
لىپ ئۇ بىرخىل يېشىل ھاياتلىق ئىدى.
موماي خۇددى بۇ يېشىل ھاياتلىق ئۇلارغا ھەمراھ بولىدى-
غاندەك خاتىرجەم ھېسلارغا چۆمدى. ئۇ تاغارنى ئاستا يەرگە قو-
يۇپ، ئىچىدىكى نەرسىلەرنى تارتقۇچلاپ كونا بىر جۇۋىنى قولىغا
ئالدى ۋە ئۇدۇل سەئىدەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستىغا سېلىپ قوي-
دى. سەئىدەمۇ ئۈن - تىنسىز ئۇنىڭدا ئولتۇردى، ئۇنىڭ يۈرىكى
دەككە - دۈككىدە پەسكە تارتىلىۋاتقاندەك بولدى.
— ئادەم دېگەن دەرەخ ئەمەس، يازدا ياشىرىمەن، قىشتا غازاڭ

بولۇپ تۆكۈلمەن، بىراۋلار يوپۇرمىقىمغا دەسسەمدۇ، ئۇستۇمگە چىقىپ ئوينامدۇ، قۇشلار ئۇۋا ياسامدۇ، قۇرت يەپ كاۋاك قىلامدۇ، بەرىبىر دەيدىغان، ياكى هايۋانمۇ ئەمەس. يەپ چىقىرىپ، هاياتى تامام بولسا ئۆلۈپلا تۈگەيدىغان... بىز ئادەم بالىلىرى تولىمۇ ئۇلۇغ نەسلىمىز! ئەقىل بىلەن ئالاھىدە مەۋجۇتمىزكى، جىمى كائىناتتا بىزنىڭ هاياتلىق كۆرىشىمىزلا بار. شۇڭا بۇ قاتتىق ناننى چىشلەپ ئولتۇرۇپتىمىز. بۇمۇ بىر كۆرەش، ياشاش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان كۆرەش! قانداق دېدىم؟ ئالە، يېگىن...

سەئىدە مومىسىنىڭ پاساهەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆپنى چۈشىنىپ كەلگەندى. شۇڭا ئۇ ئارتۇقچە هاياجانلىنىپ كەتمەستىن، مومىسىنىڭ قولىدىكى تەمىدىن كەتكەن قاتتىق نان پارچىسىنى گەپ ـ سۆزسىز قولىغا ئالدى.

«بۇرۇنقى زاماندا جىمى جاهاندا ئاچلىق، سۇ قەهەتچىلىكى بولغاندا، 91 ئادەملىك بىر جەمەت كۈن پېتىشتىن كۈن چىقىشقا تىرىكچىلىك ئۈچۈن يول ئاپتۇ. بۇلار بىر تۇغقان ئاكا ـ ئىنى، ئاچا ـ سىڭىللار بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى ئاچلىقتىن ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ قاپتۇ. ئاتا جان ئۈزۈش ئالدىدا بالىلىرىغا: ‹كۈن پاتارنىڭ زېمىنىدا ئۇزۇن هايات كەچۈردۇق، هالا بۇگۈنكى كۈندە ئىككىمىزگە قازا يېتىپ تۇرۇپتۇ. كۆچۈڭلار! كۈن چىقىش تەرەپكە ئالدىڭلارنى قىلىڭلار! قەيەردە خورما چاغلىق ئېغىزغا سالغۇدەك نەرسە بولسا، نېسىۋەڭلار شۇ يەرگە تۆكۈلگەن. ئاسان تۆرەلمىدىڭلار، ئاسان ياشىيالمايسىلەر! يولغا چىقىڭلار، خەيرىيەت ئىچىدە بولغايسىلەر!› دەپ نەسىهەت قىلىپ جان ئۈزۈپتۇ. بۇ قېرىنداشلار ئۆزىنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى قەتئىي ئېسىگە ئالماسلىقنا تىرىشىپ يولنى داۋام قىلىپتۇ.

ئۇلار ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، بىر يۇلغۇن دەرىخىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئىككى دانە قوناق نېنىنىڭ دەرەخ قوۋزىقى ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بالىنىڭ كەنجىسى ناننى قولىغا ئالغاندا قۇرت يەپ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن نان

پارچە - پارچە بولۇپ ئۇۋۇلۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ. كەنجى ئوغۇل
چوڭ ئاكىسىغا بۇ ئەھۋالنى ئېيتقاندا ئاكا ئۇزۇن سۇكۇت قىلىپ
تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ھەممە قېرىنداشلىرىنى يىغىپ مۇنداق دەپ-
تۇ: «ئېھ قېرىنداشلىرىم، ئاتام بىزگە، خورما چاغلىق ئېغىزغا
سالغۇدەك نەرسە بولسا، شۇ يەرگە ئورۇنلىشىڭلار دېگەن، بىز مۇ-
شۇ يۇلغۇن دەرىخى ئەتراپىغا ماكان تۇتايلى، ئەمما ھەممىمىز
بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىشىمىز كېرەك. ناننىڭ ئۇۋۇلۇپ پار-
چىلانغىنى ئايرىلىشىمىزنىڭ بېشارىتى. بۇ يۇلغۇن دەرىخى يېنىدا
كەنجى ئىنىمىز قالسۇن. مەن ھەممىڭلارنى مانا مۇشۇنداق خورما
چاغلىق نەرسە بار يەرگە بىردىن - بىردىن تاشلاپ ماڭىمەن.
ئاتا - ئانىمىز رازى بولسۇن»، دەپ كەنجى ئىنىسىغا قىيمىغان
ھالدا باشقا ئىنىلىرىنى باشلاپ يولىنى داۋام قىلىپتۇ. بۇ كەنجى
بالا ئەمدىلا ئون بىر ياشقا كىرگەن بولۇپ، تېخى ئەقىلگە تولمى-
غانىكەن. بالا نېمە قىلارىنى بىلمەي ئەتراپقا نىدا قىلىپ قاراپتۇ.
شۇئان يۇلغۇننىڭ ئۈچى پەسكە قايرىلىپ بىر سايە چۈشۈپتۇ. ئۇ
تۇرۇۋاتقان قۇملۇق بىردىنلا كۆلگە ئايلىنىپ، بالا سۇ يۈزىدە تىز-
لىرىنى پۈكلەپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. قىرغاقتا بىر ئاق خەسنى كۆ-
رۈپ، سۇ يۈزىدە گويا يەر يۈزىدە ماڭغاندەك بىمالال مېڭىپ، ئاق
خەسنى قولىغا ئېلىپ قارىسا، ئۇ ئەسلىدە بىر ئاق لىباس ئى-
كەن، بالا كىيىملىرىنى يېشىپ كۆلگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ. پاكلى-
نىپ، ئاق لىباسنى ئۈچىسىغا كىيىپتۇ...»
— سەئىدە، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟
— ھە... مەن... بۇ...
موماي تەرلەپ چاچلىرى پېشانىسىگە چاپلىشىپ قالغان سە-
ئىدەگە قاراپ ھەيران بولدى.
— بوۋام ئېيتىپ بەرگەن بىر رىۋايەت ئېسىمگە كېلىپ
قالدى...
موماي سەئىدەنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ باقماقچى بولۇپ قو-
لىنى ئاپاردى - يۇ، چۆچۈيدىغان مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە



试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com

گەپ ـ سۆز قىلماي قولىنى تارتىۋالدى. سەئىدە چۆچەكنىڭ ئا ـ خىرىنى ئېسىگە ئالالمىدى. مومىسىدىن سوراشنى ئويلىدى ـ يۇ، ئەمما يەنە يېتىۋالغۇسى كېلىپ، سوراشتىن يالتايدى. چۆچەكنى ئۇنتۇپ كەتكۈسى كەلدى. ئېغىزىنىمۇ، كۆكرەك قەپىسىنىمۇ تولدۇرۇپ تىنىۋالغۇسى، بۇ قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كەتكۈسى كەل ـ دى.

— موما، بەك ھېرىپ كەتتىم، مەن ياتاي...

ئۇ يەڭگىل پۇشۇلداپ ئۇستىگە يېپىپ قويغان كونا جۇۋىنى تارتتى. جۇۋا ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۇستىخانلىرىنى ئىچىگە سىغدۇردى. ئۇ ئىللىپ قالغاندەك ھۇزۇرلۇق بىر خىل تۇيغۇدا ئۇيقۇغا كەتتى.

موماي سەئىدەگە بىردەم قاراپ ئولتۇردى. كۆز چاناقلىرىدى ـ كى ياشلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، داق يەردە يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. سەئىدەنىڭ ئىللىق، ئارامىق تۇيغۇلىرى بىلەن مومايىنىڭ تىت ـ رەۋاتقان بىئارامىق ۋە ئازابلىق تۇيغۇلىرى قوشۇلۇپ، بۇ جىم ـ جىت جاڭگالدىكى بىر مەنىنى ھاسىل قىلدى.

جاڭگاللىق پاتماقتا، سۈكۈت ئىچىگە شۇڭغۇماقتا. يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇققا شۇڭغۇغاندەك. جان تەنگە شۇڭغۇغاندەك...

## ئىككىنچى باب

— سەن بەك گۈزەل، ئەمما سەن مەندەك ياسىنىشنى بىلمەيسەن!

سەئىدەنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىگە ئوخشاش قىزىل كۆڭلەك كىيگەن، ئاپئاق پاچاقلىرى، بويۇنلىرى جۇلالىنىپ تۇرغان، قوڭۇر بۇدۇر چاچلىرى يەلكىسىدە تاشلىنىپ تۇرغان تەڭداشسىز بىر گۈزەل قىز ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋاتاتتى.

— سىز ئاجايىپ گۈزەل ئىكەنسىز، بىراق سىزنىڭ رومىلىڭىز يوقمۇ؟ پاقالچىقىڭىز بىلىنقتەك... بولمىسا، مۇنۇ خەسىدە يۆگىۋېلىڭ.

سەئىدە بىر ئاق خەسىنى قىزغا سۇنۇۋېدى، قىز سەئىدەنى قاتتىق ئىتتىرىۋەتتى ۋە قاقاھلاپ كۈلگىنىچە يىقىلىپ قوپالمايۋاتقان سەئىدەنىڭ كۆڭلىكىنى تارتىپ سالدۇرۇۋەتتى. سەئىدە چىرقىراپ، تىپىرلىدى. ئۇ گۈزەل نازىنىن ئۇلۇغ بىر پارچە ئوتتەك ئۇنىڭ بەدىنىنى ھەر تۇتقاندا قاتتىق چىقىپ ئازابلايتتى. ئۇ توختىماستىن سەئىدەنىڭ كىيىملىرىنى تارتاتتى. سەئىدە تۇساتتىن ئۇنىڭ چېچىنى چىڭ قامالىۋېدى، ئۇ ئەنسىز بىر چىرقىراپ يوقاپ كەتتى. سەئىدە كۆڭلىكىنى تاپالماي ئۇن سېلىپ ھۆركىرەپ يىغلىدى...

سەئىدە كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ بىر تۆشۈك جۇۋا ئىچىدە ياتقىنىنى كۆرۈپ، «ئۇھ...» دېدى. سول كۆكسىنى بېسىپ تۇرغان قولىنى تېز ئاجرىتىۋالدى. ئۇ كۆكرىكىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى سۆڭىكى ئاغرىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، تۇتۇپ باقماقچى بولۇپ، ئوڭ قولىنى يۇقىرىغا سوزۇشىغا مومىسى شاراقشىپ ئۆرۈلدى. ئۇ ئەندىكىپ قولىنى يەنە پەسكە چۈشۈرۈۋالدى، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى

قېچىپ، چۈشىدىكى قىزنى خىيال قىلىشقا باشلىدى. ئۇ شۇئان
بېشىدىكى رومىلىنى ئۈچۈرۈپ كەتكەن ھېلىقى كىچىكلىيەلەيدى-
غان قىزىل كۆڭلەكلىك قىزنىڭ دەل چۈشىدە كۆرگەن قىز ئى-
كەنلىكىنى بىلدى.
سەئىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كىتاب تېگىلغان سۆسۈن رەڭ رو-
مىلىنى ئېلىپ بېشىغا چىگدى. كىتابلارنى تاغارنىڭ ئىچىدىكى
باشقا لاتىغا ئوراپ قويۇپ، خاتىرجەم بولغاندەك چىرايىغا يەڭگىل
تەبەسسۇم ئېلىپ، ئورنىغا كېلىپ ياتتى.
«ئەي سىرلىق دۇنيا، قىسمەتلىرىڭ نېمىدېگەن ئۇلۇغ، ئاس-
مىنىڭ نېمىدېگەن چەكسىز، تۇپرىقىڭ نېمىدېگەن كەڭرى، سۇ-
لىرىڭ نېمىدېگەن بىپايان، ئادەملىرىڭ نېمىدېگەن مۆجىز-
لىك...»
ئۇنىڭ خىياللىرى نەلەرگىدۇر بېرىپ توختاپ قالدى، خۇددى
چۈشىگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك. ئۇ يەنە ئۇخلاپ قالدى.
— بالام، مەيدەڭگە قارا، ئېچىلىپ قاپتۇ.
— ئانا! نەگە كەتتىڭىز؟ نېمىشقا يالغۇزلا كەتتىڭىز؟ مېنى
تاشلاپ كەتتىڭىزمۇ؟ مېنى كۆرگىڭىز كەلمىدىمۇ؟ — يىغلام-
سىرايتتى سەئىدە.
— مەيدەڭگە مۇشتلاپ تۇر!
— ئانا، سىز تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز...
— سەنمۇ چىرايلىق. بىز چىرايلىقتىن تۇغۇلىمىز، چىراي-
لىق تۇغىمىز، بالام!
— ئانا! ئانا...
سەئىدە يەنە چۈش كۆرگەنىدى، ئۇنىڭ تولۇقشىدىن ئويغى-
نىپ كەتكەن موماي نەۋرىسىگە قارىدى:
— سەئىدە، نېمە بولدۇڭ؟ چۈش كۆرۈپسەنمۇ نېمە؟
— ئانامنى چۈشەپ قالدىم، موما. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقى شۇن-
چىلىك سۈزۈك كۆكمىش. كىيىملىرىنىڭ ھەممىسى ئاقمىش.
سىز ئانامنى «تەبەسسۇمى ئۆلمەس ئايال» دەيتتىڭىز - يۇ، ئەمما

ئانامنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ قاپتۇ. ئانام ئالدىغا ماڭغانسېرى، مېنىڭ قەدىمىم ئېغىرلىشىپ ماڭالمىدىم. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئۇزۇن كىرپىكلىرى مايلىشاڭغۇ كۆرۈنىدۇ، كۆزىدىمۇ بىنەپشە نۇر، ئې-غىزىدىنمۇ كۆكۈش بىنەپشە نۇر، ھەتتاكى تىرناقلىرى ئارىسى-دىنمۇ كۆكۈش بىنەپشە نۇر چېچىلىپ، چىرايىنى ئېنىق كۆرەل-مىدىم. ئاق تەندىن تاراۋاتقان كۆكۈش نۇر كۆزلىرىمنى چاقتى، ئەمما ئانام ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇ مېنىڭ مەيدەمگە نەچچە قېتىم قول ئۇزاتقان بولسىمۇ، مەن رايىسىز كەينىمگە داجىپ كەتتىم. ئا-نام بارغانسېرى يوغىناپ، ئاشۇ كۆكۈش نۇرنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. شۇنچە چاقىرىپمۇ «ھە...» دېگۈزەلمەي ئويغىنىپ كەتتىم.

— ئۇخلا، سەئىدە.

سەئىدە ئاچچىق بىر يۆتەلدى. ئازاب تۇيغۇسى ئون بەش يىل-دىن بېرى بۇ بىچارە ئاجىزەنىڭ دىلىنى يارا قىلىپ، شادلىق سىغقۇدەك ئورۇنمۇ قالدۇرمىغانىدى. ئېغىر ھېسلىرى تىنغىلىمۇ قويماي قىيناۋاتقان نەۋرىسىگە قاراپ، مومايىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. سەئىدە شۇ تاپتا يېنىدا مومىسىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغىنىنى ئە-مەس، بىر ئادەمنىڭ، ياق، بىر چوڭ سوكۇناتنىڭ، بىر پارچە قاراڭغۇلۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ھېس قىلالمايۋاتاتتى ھەم ھېس قىلغۇسىمۇ يوق ئىدى.

يېڭى بىر قىزغۇچ شار، ئوت شار، پاتاي دەپ تۇرغان قۇياش، ئوت ئىچىدە يالىڭاچلانغان قان رەڭ تەنلەر، تېپىرلاپ چېپىۋاتقان كۆل رەڭ ئۆچكىلەر، ئۆزىگە قاراپ نازلىنىۋاتقان ئۆلۈم نۇرلى-رى... كىچىككىنە ۋۇجۇدىنى قىسماقداپ مۇجىۋاتقان چۈشىدىكى ھېلىقى غايىب قىز، كىچىككىنە ۋۇجۇدىنى ئالدىرىتىۋاتقان شەيخنىڭ قەبرىستانلىقى، كىچىككىنە ۋۇجۇدىنى ئېچىشتۇرۇۋات-قان كۆل رەڭ ئۆچكە ئاتا...

سەئىدە كۆزىنى يۇماي دەپ تۇرۇشىغا ئۇپۇق ئۇستىگە مى-نىۋالغان قۇياشنىڭ بېشىنى كۆردى ۋە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەرەد-دۇتلاندى. ئۇ مومىسىنىڭ داق يەردىلا يېپىنچىسىز تۇگۈلۈپ يات-

قىنىنى كۆرۈپ ئىچى بىرخىل بولدى. كۆزىگە ئاچچىق ياش كې-لىپ، بۇرنى ئېچىشتى.

موماي ئىنجىقلاپ تەستە ئۆرۈلدى ۋە كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىگە قاراپ يىغلىۋېتەي دەپ قالغان نەۋرىسىگە تىكىلدى:

— موما...

— بولدى، ھېچنېمە دېمە! ئورنىمىزدىن تۇرايلى!

سەئىدەنىڭ يۈرىكىدە چايانلار مىڭغىۋاتقاندەك شۈنچىلىك قىينالدى. ئۆزىنى كاچاتلاپ مەڭزىدىن ئوت، ئاغزى - بۇرنىدىن قان چىقىرىۋەتكۈسى كەلدى.

— موما، نېمىشقا داق يەردە ياتتىڭىز؟ نېمىدەپ مەن ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى قىينايسىز؟

— بالام، مەن سەن ئۈچۈن، سەن مەن ئۈچۈن! بۇنىڭغا سوئال يوق!

يانمۇيان، ئۇن - تىنسىز بۇ سەپەر يەنە باشلانغىنىدىن ئا-لەمچە خۇشالدەك، كەڭ يوللىرىنى بۇ ئىككى ئاجىزەنىڭ ئايىغى ئۈچۈن ھازىرلىغانىدى. ئىككى تەن، ئىككى تەندىكى ئىككى روھ، ئىككى خىل سېلىنغان ئىز...

سەئىدە شورلۇق، تىكەنلىك، توپىلىق يوللاردا يالىڭاياغ كې-تىۋاتقان بولسىمۇ، ئازراقمۇ ئاغرىق سەزمىدى. ئۇ مومىسىغا گەپ قىلماستىن، ئۆشنىسىدىكى تاغارنى يەرگە چۈشۈردى ۋە ئىچىدىكى كېچە ئوراپ قويغان تۆت پارچە كىتابنى قولىغا ئالدى. مومىسى سەئىدەنىڭ ئىشى تۈگىگىچە ئۈنسىز قاراپ تۇرۇپ، تاغارنى يۈدۈپ يولىنى داۋام قىلدى.

ماڭا - ماڭا، جىمجىت سەپەر چىڭقى چۈشكە قەدەم قويدى. ئۇلارنىڭ قاتتىق نانغا كۆنۈك قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەنىدى.

— بۇ نانلارغا چىشىمۇ ئۆتمىگۈدەك، شوراپ يېگىن، تەملىك بولىدۇ.

ئاغزىغا بىر بۇردا ناننى سېلىپ شۈمۈۋالغان سەئىدە ئورنى-دىن تۇردى.

يول يەنىلا شۇ پېتى تۇرغاندەك، ئايىغىغا كۆز يەتمەيتتى.
يېرىم كۈندىنمۇ نەچچىسى ئۆتتۈپ كەتتى، يەنە كەچقۇرۇن، زاۋال
ۋاقتى بولۇپ قالدى. سەئىدە يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي مېڭىۋاتات-
تى. زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىشى بىلەن تەڭ، تونۇگۇن ئاخشام
كۆرگەن مەنزىرىنى كۆرمەك ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ مەغرىبكە
قارىدى. ئۇنىڭ مىسكىن كۆزلىرى قىزغۇچ شاردىن ھېچبىر
ئاجرايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ خۇددى شارنى خۇنۇك كۆزلىرىدە
مەڭگۈلۈك ساقلاپ قالماقچىدەك قىلاتتى. پۈتلار توختاۋسىز ئالغا
قاراپ مېڭىۋاتىسمۇ، روھ كەينىگە، ئۆتمۈشكە، يەنى ئادەم بارلىققا
كەلگەن ۋە يوقىلىدىغان مەنزىلگە قايتقانىدى.

ئۇ: «شاردا يەنە نۇرغۇنلىغان ئۆز قېنى بىلەن ئۆز تەنلىرىنى
يۇيىدىغان قان رەڭ، يالىڭاچ ئىنسانلار ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ تېنىدى-
كى قان ئوت شارىدىكى ئوت بىلەن رەڭلىشىپ، سارغۇچ نۇر بار-
غانسېرى قىزىل ئوت ئۇچقۇنى بىلەن تولىدۇ. بىز يەپ، كېيىپ،
ئۇخلاپ ياشىساق، ۋاھالەنكى ئۇلار كۆيۈپ، چېپىپ، ئۆز قېنىغا
چىلىشىپ ياشايدۇ...» دەپ ئويلىدى.

ئۇ نېپىز لەۋلىرىگە توساتتىن ئۇرۇلغان تولىمۇ يۇمشاق،
ئەمما ئىسسىق بىر نەرسىنىڭ ئازابى بىلەن خىيالدىن چىقتى. ئۇ
بۇ سوۋۇنۇشتىن ھۇزۇرلاندى. بۇ يۇمشاق، ئىللىق نەرسىنىڭ ئۆزى
كىچىكىدىن ياخشى كۆرىدىغان ماماكاپ ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئۇ
ئۆزىگە بۇ گۈزەل تۇيغۇنى بەخش ئەتكەن ماماكاپنى كۆرۈپ، كۆزد-
نى چىمچىقلاتتى. ئۇ ماماكاپنى تۇتاي دەپ قولىنى ئۇزىتىۋىدى،
ماماكاپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى.

سەئىدە قوشۇمىسىنى تۇردى، كۈچلۈك بوراندا ئۇنىڭ بېشىد-
دىكى سۆسۈن ياغلىق ئۈچۈپ بوينىغا ئارتىلىپ قالغان بولۇپ،
ئۇزۇن تال - تال چاچلىرى يۈز - كۆزلىرىگە ئاچچىق ئۇرۇلاتتى.
ئۇنىڭ جۇدۇن ئىچىدە قىيپاش تۇرغان بۇ ھالىتى تولىمۇ گۈزەل
رەسىمگە، زېمىنغا، ھاۋا بوشلۇقىغا سىزىلغان ئېسىل نادىر ئە-
سەرگە ئوخشاپ قالغانىدى.



试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com